# ئىزدىنىش

(تاللانما)

7

1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 7-سان

(ئومۇمىي 121-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 9-، 10-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە


**ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز**
(1998-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى) .............................. **خۇ جىنتاۋ(2)**

**ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە پارتىيىنىڭ ئىدىيۋى لۇشيەنى** .............................. **شىڭ بىسى(15)**

**"ئىككى ئومۇمەن" ۋە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەققىدە**
—ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز .............................. **لياڭ خېڭ(27)**

ماركسىزمدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگىچە بولغان نەزەرىيە سىستېمىسى— تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما
— ماركس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 180 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن .............................. **لى شىڭگېڭ(39)**


**★7-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1998-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى)

**خۇ جىنتاۋ**

يولداشلار:

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن مەسىلە توغرىسىدا بىر مەيدان چوڭ مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانىدى. بۇ مۇھاكىمە ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ئېغىر ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ماركسىزملىق ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىبارەت دەۋر خاراكتېرلىك يىغىن ئۈچۈن مۇھىم ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلاپ بەردى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە زور ھەم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ئەسىرگە قاراپ يۈزلىنىپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، بىزنىڭ بۇ مۇھاكىمىنى خاتىرىلىشىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىكى قەتئىيلىكىمىز ۋە ئاڭلىقلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادكارلىق بىلەن تەتبىقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## (1)

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز زور تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ياساۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ ئالدىدا ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋەزىپىسى تۇراتتى. بىراق بۇ ئىش ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. ”سول“چىل ئىدىيىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى تەسىرى ۋە چۈشەپ قويۇشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن كىشىلەر ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى توغرا پەرقلەندۈرەلمەيتتى، تېخىچە ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى— ”پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى“دىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، پارتىيە ئىشلىرى ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئارىسالدى بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىشنى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، بايرىقى روشەن ھالدا ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن نىشاننى كۆرسىتىپ بەردى. باشقا پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ۋە پارتىيە ئىچى، سىرتىدىكى كۆپلىگەن يولداشلارمۇ تەدرىجىي ھالدا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئېسىل ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئىگەللەشنى، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1978-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلى «نەزەرىيە خەۋەرلىرى» ھەممىدىن بۇرۇن يولداش خۇ ياۋباڭ كۆرۈپ بېكىتكەن «ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. 5-ئاينىڭ 11-كۈنى، «نۇر گېزىتى» ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچى دېگەن نام بىلەن بۇ ماقالىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا بىر مەيدان كۆلىمى زور، مەزمۇنى مول،

تەسىرى چوڭقۇر بولغان چوڭ مۇھاكىمە مەملىكەت بويىچە داغدۇغىلىق قانات يېيىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم يولداشلارنىڭ بۇ مۇھاكىمىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ھەتتا قوبۇل قىلمىغانلىقى، قوشۇلمىغانلىقىدەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر ماركسىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى، تۈپ ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى ھەر خىل سورۇنلاردا قايتا–قايتا تەكىتلىدى. ئۇ 1978–يىلى 6–ئايدا ئېچىلغان پۈتۈن ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى، ماركسىزم–لېنىنىزمغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قانداق توغرا قاراش مەسىلىسى توغرىسىدا چوڭقۇر ھەم مېغىزلىق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە خىلاپ ھالدا ”ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىش“تەك ئىدېئالىزملىق ۋە مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ غايەت زور نەزەرىيىۋى غەيرىتى ۋە سىياسىي جاسارىتى ئارقىلىق ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمە پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىدىكى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنىڭ 11–نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3–ئومۇمىي يىغىنىدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى باشلامچىسى، 20 يىللىق ئىسلاھات–ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى باشلامچىسى بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى، سىياسىي لۇشيەننى ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1978–يىلى 12–ئاينىڭ 13–كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن نۇتقىدا، بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە يۇكسەك باھا بەردى، ئۇ: ”نۆۋەتتە، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمە، ئەمەلىيەتتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بەس–مۇنازىرە ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك، مۇشۇنداق بەس–مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر، ئۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىدى. بەس–مۇنازىرە ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. بۇنى يولداش ماۋ

زېدۇڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە قايتا-قايتا تىلغا ئالغانىدى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى نەزەرىيىسىنىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە ھەقىقەتەن ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى، سىياسىي مەسىلە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇھىم نۇتقى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسلىق دوكلاتى بولۇپ، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو قايسى تەرەپكە مېڭىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن مۇھىم تارىخىي پەيتتە، ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ كىشەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋر، يېڭى يولنى ئېچىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىشتىكى خىتابنامە ھېسابلىنىدۇ.

## (2)

20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش جەريانىدۇر. مەيلى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش ياكى يېزىلاردىن باشلىنىپ شەھەرلەرگە كېڭەيگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن؛ مەيلى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى قۇرۇش ياكى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشتا بولسۇن؛ مەيلى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنى يولغا قويۇش ياكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىشتا بولسۇن؛ مەيلى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ياكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا بولسۇن؛ مەيلى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە بولسۇن؛ مەيلى پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ياكى ”زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، كېلەچەككە يۈزلىنىش“ ئاساسىدا مائارىپنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن؛ مەيلى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ياكى ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا بولسۇن، ئىسلاھات-ئېچى-

ۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بارلىق خىزمەتلەردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى، پارتىيىمىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھازىرقى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ تۇردى.

ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان توپ نەزەرىيىۋى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1978-يىل 9-ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-رىنى كونا جەمئىيەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى پەيدىنپەي قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ۋە خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا كۆرۈلۈشى لازىم. 1980-يىل 5-ئايدا ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: سوتسىيالىزم دېگەندە، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەنە شۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىغا، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، خەلقنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقان-ئاشمىغانلىقىغا قاراپ باھا بېرىش كېرەك. بۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۆلچەم. 1992-يىل باھاردا يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇپەسسەل ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دا چىڭ تۇرۇشتا. سوتسىيالىزم قەتئىي داۋاملاشتۇ-رۇلمايدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمايدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمەيدىغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدى-غان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا، تۈگىشىدىغان گەپ. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر-نىڭ ھەق-ناھەق ئىكەنلىكىگە، پايدا-زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىگە كەلگەندە، ئاساسلىقى ئۇنىڭ

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقەنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەن مۇھىم تارىخىي پەيتتە، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى نەزەرىيە ۋە لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش يولىدا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان يەنە بىر خىتابنامە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز ئۇزاقتىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مۇھىم تونۇش مەسىلىسىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، بىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز ئۈچۈن يېڭى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئەمەلىيەت دېگەن ئۆلچەم، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى دېگەن ئۆلچەم ۋە "ئۈچ پايدىلىق بولۇش" دېگەن ئۆلچەم بىردەك. پارتىيىمىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۈچىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

20 يىلدىن بۇيانقى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىزگە مول تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بەردى، ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە قانداق قىلىپ چىڭ تۇرۇش جەھەتتىمۇ بىزگە ناھايىتى كۆپ ئىلھام بەردى.

بىرىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزمغا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. ماركسىزم ئىلىمدۇر. 150 يىلدىن بۇيان، ماركسىزم تۈرلۈك سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلدى. پارتىيىمىز ماركسىزمنى ئىزچىل تۈردە يېتەكچى ئىدىيىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىپ كەلدى. تۈپ يىلتىزىمىز بولغان ماركسىزمنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، تاشلىۋېتىدىكەنمىز، تۈپ ئاساسىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماركسىزم يەنە دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ داۋاملىق سىناقلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ، مەزمۇنىغا داۋاملىق بېيىتىپ تۇرىدۇ، داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات

ئەمەلىيتى بىلەن داۋاملىق ھالدا بىرلەشتۇرۇلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ”دۇنيا ۋەزىيىتى كۈنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولماقتا. ھازىرقى بىر يىل قەدىمقى جەمئىيەتتىكى نەچچە ئون يىل، يۈز يىل ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىتقا تەڭ كېلىدۇ. يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلمىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرمىغان كىشى ھەقىقىي ماركسىزمچى ھېسابلانمايدۇ.“ پارتىيىمىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇ-رۇشنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى، ئىسلا-ھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگودا ماركسىزمنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ھازىرقى جۇڭگونىڭ ماركسىز-منى شەكىللەندۈردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېمىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ھالدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئەمەلىيەت كۆزقارىشى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىدىكى بىرىنچى ۋە ئاساسىي كۆزقاراش، ماركسىزم ماھىيەتتە ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىدىغان ئىلىمدۇر، سوتسىيالىزم بولسا ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىدىغان ھەرىكەتتۇر. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ مەقستى ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز تۇرغۇزغان ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگرامما شۇنداقلا باشقا بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان، ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز سىنىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىلمىيلىقى، توغرىلىقى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئەمەلىيەت مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان تەرەققىيات جەريانى، بىزنىڭ تونۇشىمىزمۇ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا

ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ باردۇ. بىز يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت بىرىنچى دەيدىغان كۆزقاراشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا داۋاملىق يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەممىدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە كېيىنمۇ ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ھەم باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەن خاتا كۆزقاراش ۋە سىياسەتلەرگە خاتىمە بەردى، ھەم سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمدىن ۋاز كېچىدىغان خاتا تەشەببۇسلارنى چەكلىدى، مۇشۇ ئاساستا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى شەكىللەندۈردى، 15-قۇرۇلتايدا يەنە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر. بىز جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى بارلىق مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگەللەشتە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەككى، سۇبيېكتىپ ئارزۇنى، چەت ئەلنىڭ ئەندىزىسىنى، كىتابتىكى ئايرىم سۆز-ئىبارىلەرنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ھازىرقى دۇنيا ئىقتىسادى، سىياستى، پەن-تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا ئېتىبار بېرىپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىزدىن كەڭ نەزەر دائىرە بىلەن دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆزىتىش ۋە ئىگەللەشنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رىقابەتنى قارشى ئېلىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى دۇنيانىڭ ئوچۇق دۇنيا ئىكەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو تەرەققىي تاپماقچى بولسا چوقۇم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى لازىملىقىنى؛ دۇنيادىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى، سوتسىيالىستىك

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ بىزنىڭ بىردىنبىر يولىمىز ئىكەنلىكىنى؛ پەن- تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى، نۆۋەتتىكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كۈندىن-كۈن-گە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، دۇنيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ۋەھاكازالارنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، نۇرغۇن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقالىدۇق، قىلغان ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئەمەلىيەتكە، دەۋرنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرالىدۇق. ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپىرىمىزدە، پۈتۈن دۇنيادا يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە ھېلىھەم چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگەللەپ، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىتى-نى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، دۇنياغا قاراپ تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىشىمىز لازىم.

بەشىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”دېموكراتىيە— ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى“ دېگەنىدى. بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزامىمۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكمۇ بولغان، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكمۇ بولغان جانلىق-تېتىك سىياسىي ۋەزىيەتنى شەكىللەن-دۈرۈشىمىز، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، راست گەپ قىلىشقا، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتەك ياخشى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان غايەت زور كۈچنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

**(3)**

ھازىر، بىز ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى ئاتاكا قىلىدىغان باسقۇچتا

ھەم تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيەتنى بىر تۇتاش ئىگەللەش، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش تەلىپىنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز لازىم. بىز بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەشتە، ئەڭ مۇھىمى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىشتا، پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشىمىز ۋە روھىي ھالىتىمىزنى 15-قۇرۇلتايدا تەلەپ قىلىنغان سەۋىيىگە ۋە يۈكسەكلىككە، دەۋر تەلەپ قىلغان سەۋىيىگە ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بىرىنچى، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكىمىزنى كۈچەيتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. 15-قۇرۇلتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشنى بەلگىلىشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىر. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە جەزمەن سەگەك تونۇشقا ۋە يۈكسەك ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قەتئىي تەۋرەنمەستىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ پارتىيىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ھالقىسى. ئۆگىنىش جەريانىدا، بىز پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگەللىشىمىز، بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى نۇقتىلىق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى

ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىگەللەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ھەر خىل يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بىز ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلمىي بولغان دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگەللەپ، ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بىز ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دادىل ئىشلەپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى، يېڭى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت نەزەرىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، سىنايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، نەزەرىيە بولسا ئەمەلىيەتنى يېتەكلەيدۇ، ئالغا سۈرىدۇ، يۈكسەلدۈرىدۇ. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مانا مۇشۇنداق چەكسىز تەرەققىي قىلىدىغان دىئالېكتىك جەرياندۇر. ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ چېكى بولمايدۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇش شەرت. نۆۋەتتە، بىز نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. مەسىلەن، قانداق قىلغاندا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە باشقا ئىسلاھاتلاردا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئىلگىرىلەش يولىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى چارە-تەدبىرلەرنى تاپقىلى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسى جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ۋە باشقا تۈرلۈك يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتلارنى ئاكتىپ، پۇختا ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈپ، مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىككى

مەدەنىيەتنى ماس هالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا پارتىيىنى يەنىمۇ قاتتىق باشقۇرۇپ، ئىسلاھات روھى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگىلى، چىرىتىشنى توسۇش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، خەۋپ-خەتەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ۋەھاكازا. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇھىم پىكىر، چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بىز ئىدىيىدە ۋە هەرىكەتتە چوقۇم ئارقىدا قالماي، بۇ پىكىر ۋە چارىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، توغرا ئىگىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، رېئال تۇرمۇشتا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز، شۇنداقلا ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ نەزەرىيىنى داۋاملىق بېيىتىشىمىز ۋە ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. 20 يىل بۇرۇنقى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ رولى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت؛ 20 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ نەتىجىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ۋە بەرپا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. مانا بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئەڭ تۈپكى ئىدىيىۋى-سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا شۇنداق كۆرسىتىلدىكى، „دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاتتا تارىخىي مەسئۇلىيىتى.“ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، هازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەتنى ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ئەستايىدىللىق بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز، ئەمەلىي

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا قانۇنىيەتلىك چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ماركسىزمنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

يولداشلار! 20 يىل بۇرۇنقى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىدىيە-نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى، ئاخبارات-تەشۋىقات خىزمەتچىلىرى مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، دادىل ئىزدىنىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتى خىزمىتىدە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بۈيۈك ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: خۇدابەردى خېلىل
رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت
دولقۇن قادىر
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى

شىڭ بىسى

20 يىلنىڭ ئالدىدا غايەت زور بىر قېتىملىق نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە جۇڭخۇا كەڭ زېمىنىنى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ مەزمۇنى— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە، ئەمەلىيەت ياكى داھىينىڭ قارار ۋە يوليورۇقىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە كۆرۈنۈشتە نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق-ناھەق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل دۇنيا قاراش، ئىككى خىل ئىدىيىۋى لۇشيەن، ئىككى خىل يېتەكچى فاڭجېن ئوتتۇرىسىدىكى زور بەس-مۇنازىرە ئىدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ نەتىجىسى جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ قانات يېيىپ كېتىشى بىلەنلا پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، بۇ— ماركسىزمنىڭ ساۋاتى، بۇ مەسىلە 50 - يىللاردا كادىرلارنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىشى، بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئۆگىنىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنغانىدى، شۇنداق ئىكەن، 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ مەسىلە نېمە ئۈچۈن يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭدا گەپنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتكى، پارتىيىمىز 1957-يىلىدىن باشلاپ 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە ”سول“چىللىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزدى. بۇ خىل خاتالىقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىپادىسى سىنىپىي كۈرەشنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىپ، ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن ئىبارەت، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دەل مۇشۇ لۇشيەننى يولغا قويۇپ ئاخىرقى چەككە يەتكۈزگەنلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى. ھەرقانداق بىر سىياسىي لۇشيەننىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ ئالاھىدىلىكى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى بارلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش، كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، ھەتتا ”ئالىي يوليورۇق“ دەپ ئاتالغان ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۆزۈندىمۇ مۇشۇنداق ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن بولۇپ، دەل مۇشۇنداق ئىدىيىۋى لۇشيەن ئۆزاقتىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ تارماق قىلىنىشى بىلەن، بىز ئاخىر 10 يىل داۋام قىلغان ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى ئاياغلاشتۇرۇپ، جۇمھۇرىيىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى كۈتۈۋالدۇق. بۇ قايتا ئويلىنىش يىللىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى مىسلىسىز جانلىنىپ كەتتى. كەڭ ئامما شاد-خۇراملىققا چۆمۈش بىلەن بىرگە، سوغۇق قانلىق بىلەن مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغىلى تۇردى: ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دەك مۇشۇنداق زور ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى سەۋەب زادى نېمە؟ ياخشى بىر دۆلەت نېمە ئۈچۈن ھالاكەت بولۇش گىردابىغا ئېلىپ بېرىلدى؟ كىشىلەر ھەممىنى ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“تىن كۆرىدىغان ئاددىي كۆزقاراش بىلەن قانائەتلەنمەي، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن يېتەكچى قاتچىن جەھەتتە قانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىشنى كۆيىدا ئىدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، كەڭ ئاممىنىڭ بۇ خىيالدا بولۇشى تامامەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭلىنى تولۇق كۆرسىتىدۇ. ئەمما دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان يولداش ”ئىككى ئومۇمەن“ دېگەن شوئارنى، يەنى ”ئومۇمەن ماۋجۇشى تۈزگەنلىكى سىياسەتلەرنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، ئومۇمەن ماۋجۇشى كۆرسەتكەنلىكى يوليورۇقلارغا باشتىن-ئاياغ ئېغىشماي ئەمەل قىلىمىز“ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىغا بېرىلگەن ئەجەللىك بىر زەربە، بىخ ئۈرۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىگە قىلىنغان ئېغىر توسالغۇ. ئەگەردە ”ئىككى ئومۇمەن“ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىش قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇرۇنقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، پارتىيىمىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى تۈزىتىشتىن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“تىن

‹‹ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش››قا يۆتكەشتىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدەپ تېپىشتىن پەقەت سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. دېمەك، ئەگەردە ‹‹ئىككى ئومۇمەن›› نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ھەممىدە كونا قائىدىگە ئېسىلىۋېلىپ، 20 يىل ماڭغان خاتا يولدا داۋاملىق ماڭغان بولاتتۇق، بۇنىڭ بىلەن بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتۇق. ‹‹ئىككى ئومۇمەن››نى قوبۇل قىلىش ياكى چۆرۈپ تاشلاش ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ساپلىقىنى قوغداشقا چېتىلىپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىغا ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر، مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغانىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر، ئىلگىرىكى خاتا يولغا قايتىشنى خالىمايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ‹‹ئىككى ئومۇمەن›› نۇقتىئىنەزىرىنى تەنقىد قىلىشى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى تەبئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە داغدۇغىلىق قانات يېيىپ كەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇردى. 1977-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى يەنى ‹‹ئىككى ئومۇمەن››نى ئوتتۇرىغا قويغان «ھۆججەتنى ياخشى ئۆگىنىپ، تۇتقىنى چىڭ تۇتايلى» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش كېرەك، دېگەنىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ‹‹ئىككى ئومۇمەن››گە قارىتىپ ئېيتىلغان. كېيىن ئۇ يەنە، ‹‹ئىككى ئومۇمەن›› ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ‹‹ ‹ئىككى ئومۇمەن› بويىچە بولغاندا، مېنى ئاقلاش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، كەڭ ئاممىنىڭ 1976-يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى ‹ئەقىلگە مۇۋاپىق› ھەرىكەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەسىلىسىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.›› («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 81-بەت) ئۇ 1978-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى سۆزلىگەن سۆزىدە يەنە مۇنداق دېدى: ‹‹ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى قانداق ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسى چوڭ مەسىلە. ھازىر پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن كىشىلەر ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى قوۋۋەتلەۋاتىدۇ. ئېگىز كۆتۈرۈش دېگەن نېمە؟ قانداق ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك؟ ھەممىگە مەلۇم، ‹ئىككى ئومۇمەن› دەپ ئاتالغان، يەنى ئومۇمەن يولداش ماۋ زېدوڭ كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى ھۆججەتنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئومۇمەن يولداش ماۋ زېدوڭ قىلغانلىكى ئىش، دېگەنلىكى گەپنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ دەيدىغان، ناھايىتى داۋرىڭى چىقىپ كەتكەن گەپ بار ئەمەسمىدى؟ بۇ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكمۇ؟ ياق! ئۇنداق قىلسا ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە نۇقسان يېتىدۇ.›› (يۇقىرىقى كىتاب، 269—270-بەتلەر) شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ‹‹ئىككى ئومۇمەن››گە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەممىدىن

بۇرۇن قارشى چىققان، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمىدە ئۇ توغرا پىكىرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ئەمەلدىكى باش قوماندانى.

نەنجىڭ داشۆ پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يولداش خۇ فۇمىڭ يازغان، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچى نامى بىلەن «نۇر گېزىتى»دە ئوچۇق ئېلان قىلىنغان ماقالە بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ باشلىنىشى ئىدى، بۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ماقالە بىرىنچى ئوقنى ئاتتى. ئۇنىڭ تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ھەقىقىي تەشكىللىگۈچىسى، ھەمدە بۇ مۇھاكىمىنىڭ كېيىنكى چوڭقۇر تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇچى يولداش خۇ ياۋباڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئىدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بۇ قېتىمقى چوڭ مۇھاكىمىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى، بۇ تۆھپىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى چوڭ مۇھاكىمىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ دائىرىسى مىسلىسىز كەڭ بولۇپ، ھەم نەزەرىيە ساھەسىدىكى، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى زاتلارنى، ھەم ئەمەلىي تارماقلاردىكى يولداشلارنى؛ ھەم ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى جايلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنى، ھەم ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرنى؛ ھەم جايلاردىن كەلگەنلەرنى، ھەم ھەربىي قىسىمدىن كەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھال بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ھەرگىز ئىلمىي پرىنسىپلار ئۈستىدىكى بەس-مۇنازىرە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيە دائىرىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ مۇھاكىمىگە گەرچە 20 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىللىرىدىكى قاينام-تاشقىنلىق قىزغىن كەيپىيات، بۇ مۇھاكىمىگە قاتناشقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمىزدا ئوپئوچۇق گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا، ئۇ ھېلىمۇ ئېسىمىزدە. بۇ مۇھاكىمە گەرچە تارىخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زور ئەھمىيىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق، ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مەڭگۈلۈك جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

## ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە بەزىلەرنىڭ "ئىككى ئومۇمەن" دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن قوزغالغان. "ئىككى ئومۇمەن" دېگەن نۇقتىئىنەزەر كىشىلەرنىڭ ئالدىغا مۇنداق بىر مەسىلىنى قويدى: نەزەرىيە جەھەتتىكى، فاكجېن، سىياسەت جەھەتتىكى بارلىق

ھەق-ناھەقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ بۇ مەسىلىنىڭ پەلسەپىۋى سۆز بىلەن بايان قىلىنىشى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ دېگەندىن ئىبارەت. ”ئىككى ئومۇمەن“ دېگەن نۇقتىئىنەزەر داھىيلارنىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرىنى، يەنى سۇبيېكتىپ روھىي نەرسىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىكى، فاڭجېن، سىياسەت جەھەتتىكى بارلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى، يەنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. بۇ روشەن ئىدېئالىزملىق نۇقتىئىنەزەردۇر، ئۇنىڭغا ماركسىزمدا چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەر ئەلۋەتتە قارشى تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزمدا چىڭ تۇرغۇچى يولداشلار ”ئىككى ئومۇمەن“گە قارىمۇقارشى بىر نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ”ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى“ ئىكەنلىكىنى، بارلىق نەزەرىيە، فاڭجېن، سىياسەتنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىشى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن داھىيلارنىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىشى ئارقىلىقلا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

”ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى“ دېگەن سۆز پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا ئىنتايىن كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ تىغ ئۇچى توغرىدىن توغرا ”ئىككى ئومۇمەن“گە قارىتىلغان، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھەم بۇرۇنقى ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەنگە قىلىنغان تەنقىد ئىدى. ”ئىككى ئومۇمەن“ بۇرۇنقى ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن بىلەن يىلتىزداش ئىدى. ”ئىككى ئومۇمەن“نى تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە ئىلگىرىكى ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىمۇ تەنقىد قىلىش ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، قالايمىقانچىلىقنى تۈپ ئاساسىدىن ئوڭشاش ئۈچۈن، ئىلگىرىكىگە خاتىمە بېرىپ، كېلەچەككە يول ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە ئىنتايىن سەزگۈر بىر مەسىلىگە، يەنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىگە چېتىشلىق ئىدى. ”ئىككى ئومۇمەن“دە چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەرنىڭ ”ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى“ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەرنى تەنقىد قىلىشتىكى بىر كۆزقارىشى ”بايراقنى تاشلىۋەتتى“ يەنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇردى دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل قالپاق ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىغاندا، ئۇ ئىلىم جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خاتالىقنى باھانە قىلىپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ

ھەرقانداقى خاتا. بۇنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق سۆز بىلەن بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىر ئىش، ئۇنىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش باشقا بىر ئىش. ھەقىقەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىر كاتوگورىيىدىكى نەرسە ئەمەس، ئىككىسىنى ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ھەقىقەتنى شۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىيالمايدۇ، ئۇنى ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، زامانىۋى تەبىئىي پەنلەردىكى نۇرغۇنلىغان نەزەرىيە، تەلىماتلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى پەقەت ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىقلا ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق تېخى ئىسپاتلانمىغان ۋاقىتتا، ئۇ پەقەت بىر خىل ئىلمىي پەرەزدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇ باشقا بىر خىل نەزەرىيە، تەلىماتنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. باشقا بىر خىل نەزەرىيە، تەلىمات يەنىلا ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھەممىگە باب كېلىدىغان ئومۇمىي ھەقىقەت، ئەمما ئۇ باشقا نەزەرىيە، تەلىماتنى سىنايدىغان ئۆلچەم بولالمايدۇ، ئۆزىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدىغان ئۆلچەممۇ بولالمايدۇ. بىزنىڭ ماركسىزمنى ھەقىقەت دېيىشىمىز مەلۇم لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈندىن ئاساس تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مەلۇم داھىينىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سانسىزلىغان ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن. ماركس 1845-يىلى «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس» دېگەن ئەسىرىدىلا مۇنداق دېگەنىدى: "ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئوبيېكتىپ [gegenst ändliche] ھەقىقەتلىككە ئىگىمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى **ئەمەلىيەت** مەسىلىسى. ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رېئاللىقى ۋە كۈچىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆز تەپەككۇرىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلىشى لازىم. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان تەپەككۇرنىڭ رېئاللىقى ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرە— نوقۇل **مەدرىس پەلسەپىسىگە** ياتىدىغان مەسىلە." («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 58— 59- بەتلەر)

"ئىككى ئومۇمەن"نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار، ئەگەردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىدىغان بولسا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ قىممىتى ۋە رولى كەمسىتىلگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاتا چۈشەنچىسى، ماركسىزمدىن بىر ئاز خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى بىلىدۇكى، بىر خىل نەزەرىيىنىڭ (ئىلمىي نەزەرىيىنى كۆرسىتىدۇ) ئەلۋەتتە ئۆزىگە خاس قىممىتى ۋە رولى بولىدۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ بارلىق ھەق-ناھەققە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئەمەلىيەتنى ئىلگىرى

سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. نەزەرىيىنىڭ بۇ خىل قىممىتى ۋە رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. لېنىن، ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمايدىكەن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ، دېگەن، بۇ، نەزەرىيىنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى ئەڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ماركسىزم بولمىغان بولسا، 19-ئەسىردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولاتتىمۇ؟ لېنىنىزم بولمىغان بولسا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى قولغا كەلگەن بولاتتىمۇ؟ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولمىغان بولسا، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەن بولاتتىمۇ؟ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بولمىغان بولسا، جۇڭگو سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بولغان بولاتتىمۇ؟ نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولى بەزى ۋاقىتتا تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا، بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەزەرىيىنىڭ قىممىتىگە ۋە رولىغا بېرىلگەن بۇ باھانى يەنىلا تۆۋەن دېگىلى بولامدۇ؟ نەزەرىيىگە تەۋە بولمىغان قىممەت ۋە رول زورمۇزور نەزەرىيىگە تېڭىلسا، مەسىلەن ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى بولۇش ئىقتىدارى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە يۈكلەنسە، قارىماققا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ قىممىتى ۋە رولى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ "ئىككى ئومۇمەن"نى تەنقىد قىلغاندا كۆرسەتكەندەك، "ئىككى ئومۇمەن" يولغا قويۇلسا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە نۇقسان يېتىدۇ.

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ نەزەرىيىدىكى بىر ھەق-ناھەق مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ كىشىلەرنى ماركسىزمغا قارىتا زادى قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك، ئۇنى ئۇلۇغ بىلىش قورالى قىلىش كېرەكمۇ ياكى بىر خىل ئۆزگەرمەس دوگما قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. "ئىككى ئومۇمەن" نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، داھىيلارنىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ، بۇنىڭدىن داھىيلار-نىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا بولسۇن قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك دېگەن مەنا چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما داھىيلارنىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرى ھامان مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا چىقىرىلغان بولىدۇ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن توغرا بولغان بولسىمۇ، ئىش ئۆتۈپ ئەھۋال ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ يەنىلا ئىنتايىن توغرا بولۇشى ناتايىن، بۇنداقتا كىشىلەرنىڭ ئۇنى باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرتمەي ئىزچىللاشتۇرۇشنى قانداقمۇ تەلەپ قىلغىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، داھىيمۇ ئىلاھ بولماستىن ئادەم، ئۇمۇ ئادەمنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئادەمنىڭ بىلىشى بىر جەريان بولىدۇ، مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلىشىمۇ ھامان

ئەمەلىيەت ئاساسدا تۆۋەنلىكتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلىشىپ، پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ بارىدىغان، پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. ھەرقانداق بىر مۇرەككەپرەك بىلىشنى بىر نۆۋەتتىلا تاماملاپ كەتكىلى بولمايدۇ، تەرەققىي قىلىشنى زورۇر تاپمايدىغان، چېكىگە يەتكەن بىر خىل ھەقىقەتمۇ بولمايدۇ. بىلىش بىر جەريان ئىكەن، مۇشۇ جەرياندا يا ئۇنداق، يا مۇنداق خاتالىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بىلىش جەريانى— خاتالىقلارنى داۋاملىق تۈگىتىپ، بىلىشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىدۇر. دۇنيادا بارلىق خاتالىقلاردىن خالىي بولغان بىلىش مەۋجۇت ئەمەس، بىلىش جەھەتتە مەڭگۈ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. ئۇنداق بىلىش، ئۇنداق ئادەم پەقەت رىۋايەتتىلا مەۋجۇت بولىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇستاز ۋە داھىيلىرىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەڭ ماھىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلىشى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىدۇ، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي نەزەرىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنا-لايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن "ئىككى ئومۇمەن"دە چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەرنىڭ "ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى" دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەرگە قاراتقان تەنقىد ۋە ئەيىبلىشىنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقەت مۇنازىرە قىلغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ. مۇھاكىمە ئارقىلىق كىشىلەر "ئىككى ئومۇمەن" نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. "ئىككى ئومۇمەن"نىڭ تەرغىپ قىلغىنى ماركسىزم بىلەن قارىمۇقارشى نۇقتىئىنەزەر، چىڭ تۇرغىنى ئىدېئالىزملىق ئىدىيەۋى لۇشيەن، قوغدىغىنى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن "سول"چىل خاتالىقتۇر. ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن تۈپتىن قارشى بولغاچقا، ئۇنىڭ بەربات بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

## ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق ئىدىيەۋى لۇشيەند-

نىڭ يېڭىباشتىن تۈرغۈزۈلۈشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ رەسمىي تۈرغۈزۈلۈشى بولسا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئەمەلگە ئاشتى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئىلگىرىكى ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بىلەن ماركسىزملىق يېڭى ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئايرىيدىغان سۇ بۆلگۈچ بولدى. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىشتىن يېرىم يىل بۇرۇنلا قانات يېيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇھاكىمىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئىگە قىلغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا ئېلان قىلغان «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن مۇھىم نۇتقىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ نۇتۇقنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنغا تەييارلىق قىلىدىغان مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ ئاساسلىق دوكلاتى ئىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭ "ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى" دېگەن نۇقتىنەزەرنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا روشەن ئىپادە بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە "ئىككى ئومۇمەن"گە قارىتا كۆپ قېتىم تەنقىد بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەنقىدىنىڭ بەزىلىرى پارتىيە رەھبەرلىرىگە يېزىلغان خەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلىرى بەزى يولداشلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئېيتىلغان. ئۇنىڭ "ئىككى ئومۇمەن"نى ئوچۇق-ئاشكارا تەنقىد قىلىشى بولسا شۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا بولغان.

«ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن بۇ مۇھىم نۇتۇقتا، پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكىنى، بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ روشەن ھالدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش— نۆۋەتتىكى زور سىياسىي مەسىلە، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، مېڭىنى ئىشقا سېلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش دېگىنىمىزدە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىدىيىدە ئازاد بولغاندىلا، ئاندىن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلگىرىدىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى، يېڭىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالايمىز. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنى توغرا ئىسلاھ قىلالايمىز ھەمدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش-

ىنىڭ كونكرېت يول، فاڭجېن، ئۇسۇل ۋە تەدبىرلىرىنى ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىيەلەيدىمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىدىيىدە ئازاد بولماي تۇرۇپ باشقا بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشتا ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشتىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى چوڭقۇر ھالدا خۇلاسىلەپ، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ئەھمىيىتىگە يۇكسەك باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”نۆۋەتتە، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمە، ئەمەلىيەتتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرە ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك، مۇشۇنداق بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر، ئۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىدى. بەس-مۇنازىرە ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. بۇنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە قايتا-قايتا تىلغا ئالغانىدى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى نەزەرىيىسىنىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەس-مانازىرە ھەقىقەتەن ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى، سىياسىي مەسىلە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 304—305-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئابزاس سۆزىدە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە سىياسىي مەسىلە يۇكسەكلىكىگە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن، بۇ ”ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى“ دېگەن بۇ توغرا نۇقتىئىنەزەرگە ئىنتايىن زور مەدەت بېرىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيىۋى لۇشيەن تەربىيىسى بولدى. دەل مۇشۇ نۇقتىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىز ئۈچۈن ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىدى، ھەمدە ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-

دەش“نى بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىپ بېكىتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ نۇقتى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە قاتناشقان يولداشلارنى ئىنتايىن زور تەربىيىگە ئىگە قىلدى، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە يۈكسەلدۈرۈلدى. بۇ نۇقتىنى ھەم ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلمىي خۇلاسە چىقارغان، ھەم بۇ مۇھاكىمىنى يېڭى سەۋىيىدە يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرگەن.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا دەۋر خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدە ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“تىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ تىكلەنگەنلىكى ئەڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىز مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلگىرىكىنى سەگەكلىك بىلەن خۇلاسىلەپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قېلىش، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن بىر قاتار خاتالىقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، ئىلگىرىكى خاتالىقلاردىن ھەقىقىي قۇتۇلۇپ چىقىپ، كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بىر قاتار ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزدىن بولغان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى بولسا ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“تىن ئىبارەت. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەسناسىز ھالدا ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“نىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئېلان قىلغان مۇھىم ماقالىسىدە ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“ توغرىسىدا بىر ئابزاس مۇپەسسەل سۆزى بار. ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“نىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى.“ ”مۇشۇ جەۋھەرگە تايىنىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاش ئارقىسىدىلا ئەۋلادمۇئەۋلاد ماركسىزمچىلار سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تارىخىي مۇساپىدە ھەم ئالدىنقىلارغا

ۋارىسلىق قىلىش، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، ھەم ھەر خىل خاتا خاھىشلارنىڭ توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، ھەم ھەر خىل سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش يولىنى تۇتۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى مەنزىل ئېچىپ، يېڭى سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.“ («ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 4-سانىدىن) بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز، بولۇپمۇ ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“تىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز ھەم ئۇنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە، 15-قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشىدا ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بىز مۇشۇنداق ئىشلەيدىغانلا بولساق، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلىگەن بولىمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ”ئىككى ئومۇمەن“ ۋە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەققىدە

—ھەققەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

لياڭ خېڭ

## 1. سىياسىي كۆرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر مەيدان پەلسەپىۋى چوڭ مۇھاكىمە

بۇ يىل ھەققەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ، باشقا تارماقلاردىكىلەرمۇ خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئون يىل بۇرۇنمۇ ھەققەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى خاتىرىلەنگەن. بىر مەيدان سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلە توغرىسىدىكى مۇھاكىمە خەلقىمىزنىڭ 10 يىل، 20 يىل خاتىرىلىشىگە ۋە تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان ئىش دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىلمىي ئىدىيە تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن.

1976–يىلى جۇڭگو تارىخىدا زور بىر ئىش بولدى، ئون يىل زورلۇق–زومبۇلۇق قىلغان ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ بىردىنلا تولۇق يوقىتىلدى. خەلق ئاممىسى ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ مەزگىلىدىكى سىياسەتتىن قاتتىق نەپرەتلەندى، چوڭ سىياسەت، فاڭجېن جەھەتلەردە ئۆزگىرىش ياساش جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. بىراق مەسىلە ھەرگىز بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ مەزگىلدىكى بەزى فاڭجېن ۋە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى يولداش ماۋ زېدۇڭ چىقارغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت

تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان، بۇلارنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولامدۇ-يوق؟ ئەينى ۋاقىتتا ماۋجۇشىنىڭ ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. بىر تەرەپتىن خاتالىقنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان بولۇپ، دەرھال تۈزىتىشكە توغرا كېلەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، داھىينىڭ نوپۇزىدىن قىلچىمۇ گۇمانلىنىشقا يول قويۇلمايتتى. پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى نېمە قىلىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قالغانىدى، ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ توقۇنۇشىمۇ بارا-بارا ئۆتكۈرلىشىپ باراتتى. 1977-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى بىر باش ماقالىدە "ئومۇمەن ماۋجۇشى تۈزگەنلىكى سىياسەتلەرنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، ئومۇمەن ماۋجۇشى كۆرسەتكەنلىكى يولىيورۇقلارغا باشتىن-ئاياغ ئېغىشماي ئەمەل قىلىمىز" دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مانا بۇ كېيىن ئاتالغان "ئىككى ئومۇمەن" دۇر. بۇ خىل كۆزقاراشنى ئەلۋەتتە كەڭ ئاممىا قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى دۆلەتنىڭ قايسى يولغا مېڭىشىدىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. ئەگەر "ئىككى ئومۇمەن" دېگەن يول تۇتۇلۇپ، ماۋجۇشى بەلگىلىگەن ئىشنىڭ ھەرقانداقىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا چوڭ فاڭجېنلاردىن، مەسىلەن سىنىپىي كۈرەشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش، كونكرېت ئىشلاردىن، مەسىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتمەسلىككە توغرا كېلىدۇ. ئۇن يىللىق "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىكى ئادەت بويىچە، مەسىلە كۆرۈلگەندە ماۋجۇشىدىن سورايمىز، ئەمدى ھازىر ماۋجۇشىنىڭ ئۆزىمۇ خاتالاشتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ تېخىمۇ يۇقىرىسىنى ئىزدىسەك، ئەجداتلىرىمىزدىن، ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ پرىنسىپىدىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلاردىن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ توغرا بىلەن خاتانى نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. "ئومۇمەن" بىلەن قارشى بولغىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش. 1978-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى «نۇر گېزىتى» دە "ئەمەلىيەت— ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى" دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن خۇددى توغاننىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندەك، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىر مەيدان چوڭ مۇھاكىمە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى شۇبھە مۇشۇ ئىدىيىنىڭ تورتكىسىدە ئاخىرى خۇددى قار-مۇز ئېرىگەندەك يېشىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 1977-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى باش ماقالە ۋە 1987-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى «نۇر گېزىتى» دە بېسىلغان ماقالە ئايرىم-ئايرىم ھالدا "ئومۇمەن" كۆزقارىشى ۋە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ بىر مەيدان مۇھاكىمە شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئېچىلغان 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى ئۈچۈن ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بەلگە قىلىنغان بىر يېڭى دەۋرنى ئاچتى. بىر پارتىيىمۇ خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئىش قىلغاندا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئويلاشقا، گاھىدا يەنە ۋاقىت

چىقىرىپ كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان بۇ ئىككى يىل پارتىيە تارىخىدا ئارىسالدى بولۇش ئىچىدە ئىلگىرىلىگەن ئىككى يىل دەپ ئاتالدى. ”ئومۇمەن“ ئىدىيىسى بىر سىياسىي فاكچىن بولۇپ قالغان، كېيىن يەنە سىياسىي مۇنازىرىدىن تەرەققىي قىلىپ بىر مەيدان پەلسەپە مۇھاكىمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئاخىرىدا بۇ مۇھاكىمە چوڭ بىر سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئارىسالدى بولۇش مەزگىلىنىڭ ئاياغلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 20 يىللىق بىر يېڭى دەۋرنى ئاچقان. بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق، كونا قائىدىلەرگە بېيىشۋالغان ھالدا ”ئومۇمەن“دە چىڭ تۇرۇۋېلىش بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى تۈپكى سۇ يۈلگۈچ ئىكەنلىكىنى، ئالدىنقىسى ئىدېئالىزمغا تەۋە، كېيىنكىسى ماتېرىيالىزمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇۋالايمىز. ”ئومۇمەن“ بىر خىل تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ ۋەكىللىك قىلغان تەپەككۇر ئۇسۇلى كېيىنمۇ داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنى خاتىرىلىشىمىز ۋە ئەسلىشىمىز يەنىلا زۆرۈر. مەزكۇر ماقالىمىدە مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى سۆزلىگەندە يەنىلا ”ئومۇمەن“ دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىمەن.

## 2. ”ئومۇمەن“ ئىدېئالىستىك مېتافىزىكىنىڭ يېڭى شەكلى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بولسا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

ھەرقانداق بىر پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەجرىبە ھەم باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر خىل پەلسەپىۋى تەپەككۇر ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغان ”ئومۇمەن“نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت شۇكى، بىرىنچىدىن، جۇڭگو ئىنقىلاب تارىخىدا ماۋجۇشىدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە كىشىنىڭ بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇ نوپۇزدىن پايدىلىنىۋالغانلىقى. يەر ئىنقىلابى دەۋرىدە ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتمۇ خۇددى شۇنداق: بىرىنچىدىن، خەلقئارا كوممۇنىستىك ھەرىكەت تارىخىدا ماركسىزم ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ ئىككىنچىدىن، ۋاڭ مىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇ نوپۇزدىن پايدىلىنىۋالغانلىقى. شەيئىلەر ھامان بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، قارىمۇقارشىلىق

ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ”ئومۇمەن“ مەيدانىغا كەلگەن يەردە، ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش“نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇقەررەر. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈش بار، ئۇ بولسىمۇ، بىرىنچى، ”ئومۇمەن“ ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى تەرەپ بولۇپ بەردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ”ئومۇمەن“ ئەمەلدە، كونكرېت سىياسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى. ئىككىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭدەك ئىككىنچى ئەۋلاد داھىي ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان يېڭى ئەمەلىيىتى بار. يېڭى داھىينىڭ ئابرويى ۋە يېڭى ئەمەلىيەتنىڭ كۈچى بىزنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش جەھەتتە ھەم پەلسەپە جەھەتتىن، ھەم ئەمەلىي سىياسەت جەھەتتىن چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشىمىزگە تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا يۈز بەرگەن ”ئومۇمەن“ بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە بارلىققا كەلدى. بۇ خۇددى ئەينى يىللاردا يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىسى بىلەن ۋاڭ مىڭ ۋەكىللىك قىلغان دوگمىچىلىق ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ساقلانغىلى بولمىغانغا ئوخشايدۇ. سىياسىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەلسەپە مۇنازىرىسىمۇ تەرەققىي قىلدى، ئۇلار بىرلىكتە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىغا سىڭىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋېلىشمۇ، ”ئومۇمەن“مۇ ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋالغانلارغا تاقابىل تۇرۇش ھەر ھالدا ئوڭاي، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى ئۆلچەيدۇ دېگەن بۇ ئەڭگۈشتەرنى قورال قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ”سەن خاتالاشتىڭ“ دېسەك بولىدۇ. ئەمما ”ئومۇمەن“ كۆزقارىشىدىكىلەرگە تاقابىل تۇرۇش بىر ئاز تەس، ”ئومۇمەن“ كۆزقارىشىدىكىلەر ھەر زامان بىر ئاساس كۆرسىتىپ، بىر بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۆزنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ ”سەن بۇ بايراققا قارشى تۇرالامسەن“ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ”ئومۇمەن“ ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، ئۇلارنىڭ راۋاجى. ”ئومۇمەن“ كۆزقارىشىدىكىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئەمەلىيەتتىن چىقىپ سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال، سۆز ئاچقۇدەك جاسارەت بولۇشى كېرەك، شۇڭلاشقا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ ئالدىغا ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش“ دېگەن سۆزنى قوشتى. بۇ ”ئومۇمەن“گە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى يېڭى نەتىجە، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا قوشقان يېڭى مەزمۇن. ماركس ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى بەرپا قىلدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۇنى ”ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“ دەپ تەرىپلىدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولسا ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“ دەپ تەرىپلىدى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى مانا مۇشۇنداق كۈرەش ئەمەلىيىتىدە

ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقانكى، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئىككى روشەن ئالاھىدىلىكى بار، ئۇنىڭ بىرى ئەمەلىيەتچانلىقى، يەنە بىرى سىنىپىيلىقى. ئىدېئالىزم، مېتافىزىكا دېگەنلەر مۇتەئەسسىپ پەلسەپىلەر، ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىكا بولسا ئىنقىلاب تۈسىنى ئالغان ۋە يول ئېچىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغان پەلسەپە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتمۇ ئىنقىلاب دەپ ئېيتقان. ئىسلاھات ئىدىيىدە ئازاد بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان پەلسەپىگە موھتاج. شۇڭلاشقا "ئومۇمەن" بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېلىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يېڭى ئەمەلىيىتى، يېڭى دەۋرنىڭ باشلانغانلىقى.

"ئومۇمەن" دېگەن بۇ سۆز گەرچە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن "ئومۇمەن" ئىدىيىسى ئىدېئالىستىك مېتافىزىكىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى سۈپىتىدە قەدىمدىلا بار بولغان. دۆلىتىمىزدە بار بولغان، چەت ئەللەردىمۇ بار بولغان. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش تەرەپدارلىرىنىڭ "ئومۇمەن" ئىدىيىسىگە قارشى ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەيۋەتلىك پەن تارىخىنى، ئىدېئولوگىيە تارىخىنى شەكىللەندۈردى. تارىخنىڭ ھەر قېتىملىق تەرەققىياتى "ئومۇمەن"نى بۇزۇپ تاشلىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاسترونومىيە جەھەتتە، كوپېرنىكتىن بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە قوياش يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ دېيىلگەن. كوپېرنىك بۇ "ئومۇمەن"نى بۇزۇپ تاشلاپ، جاراڭلىق ھالدا، يەر شارى قوياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە تولۇق ھەل بولدى. ئېنگېلس شۇنداق دېدىكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تەبىئىي پەنلەر ئىلاھشۇناسلىقتىن قۇتۇلۇپ ئازاد بولۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىق بەدەلمۇ تۆلەندى، گاللىيې جازاغا ھۆكۈم قىلىندى، برۇنو بولسا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. كېپلېردىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە سەييارىلەرنىڭ ئوربىتىسى چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ دېيىلگەن، گەرچە كۆزىتىش جەريانىدا نۇرغۇن خاتالىقلار سېزىلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر خاتا كۆرۈپ قاپتىمەن دېيىشكە رازىكى، كىتابتىكىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا پېتىنالمىغان، كېپلېر يەنە بۇ "ئومۇمەن"نى بۇزۇپ تاشلاپ، سەييارىلەرنىڭ ئوربىتىسىنىڭ ئېللىپس شەكلىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلدى، داڭلىق "كېپلېر قانۇنى" دېگەن مانا مۇشۇ. لاۋاسىيەدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە ماددىلارنىڭ كۆيۈشىدىكى سەۋەب ماددىلاردا كۆيۈش ئامىلى بولغانلىقىدا دېيىلگەن، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بەزى ماددا كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايتتى، كىشىلەر بۇنىڭغا قارىماي قەدىمكىلەرنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ، كۆيۈش ئامىلىنىڭ مەنپىي ئېغىرلىقى بار دېدى. لاۋاسىي "ئومۇمەن"نى يەنە بىر قېتىم بۇزۇپ تاشلاپ، ماددىلار كۆيگەندە ئوكسىگېننىڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئوكسىگېن بىرىكىپ، ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، دۇنيادا "كۆيۈش ئامىلى" دېگەن نەرسىنىڭ ئەسلا

مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىرىنچى ئون يىل سوتسىيالىزم يۇرگۈزۇش جەريانىدا بىزدىمۇ تەدرىجى ھالدا بەزى ”ئومۇمەن“ دېگەندەك كونا رامكىلار شەكىللىنىپ قالدى. مەسىلەن، سوتسىيالىزمنى پىلان ئىگىلىكى دەپ قاراپ، ئۇنى بارغانسېرى جانسىزلاندۇرۇپ قويدۇق. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ“ دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بىراقلا ئازاد قىلىۋەتتى. ئىلگىرى بىز ھەمىشە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن قورقاتتۇق، خۇسۇسىي كاپىتالنى چەكلەيتتۇق، ھەتتا دېھقانلار توخۇ باقسىمۇ بىرنەچچىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلەيتتۇق. كېيىن بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئازاد قىلدۇق.

تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولىدۇ، مۇبادا ”ئومۇمەن“دە راستىنلا چىڭ تۇرۇپ ئۆزگەرتمىگەن بولساق، جۇڭگولۇقلار يەنىلا ”تۆت كىتاب“، ”بەش دەستۇر“نى ئىزاھلاش بىلەن بەنت بولغان بولاتتى، زامانىۋى ئىلىم-پەن بولسا يەنىلا ئارخىمېدنىڭ پىشاڭ قائىدىسىدە توختاپ قالغان بولاتتى. تەبىئىي پەن تارىخىدا نيۇتون، ئېينشتېينلار چىقمىغان بولاتتى، ئىجتىمائىي پەن تارىخىدىمۇ ماركس، ماۋ زېدۇڭلار چىقمىغان بولاتتى. نەزەرىيە ئەگەر ئالغا باسماي بىر ئىزىدا تۇرۇپلا قالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. يېڭى بىر ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ ئوچىقىدا تاۋلىنىپ يېڭىدىن تۆرەلگەن ۋاقىتتا غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپ كېتەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ھەرقانداق ياخشى نەزەرىيىمۇ كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئەسلىدىكى ”يەر شارى مەركەز تەلىماتى“غا سېلىشتۇرغاندا كوپېرنىكنىڭ ”قۇياش مەركەز تەلىماتى“نىڭ ئىنقىلاب خاراكتېرى ۋە ئىلگىرىلەش خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ چەمبەر ئوربىتا تەلىماتى يەنىلا كېپلېرنىڭ ئېللىپس ئوربىتا تەلىماتى تەرىپىدىن تۈزىتىلدى. ماركس، ئېنگېلس، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى پەقەت ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە تەڭلا غەلىبە قازانغان شارائىتتىلا قولغا ئالالايدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېنىن ”ئومۇمەن“ يولىنى تۇتماي، ئالدى بىلەن بىر دۆلەتتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن؛ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال، جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىش كېرەك، دەپ قارىغان بولسىمۇ، يولداش ماۋ زېدۇڭ ”ئومۇمەن“ يولىنى تۇتماي، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش يولىنى تۇتۇپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن؛ يولداش ماۋ زېدۇڭ ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىمۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئومۇمەن“ يولىنى تۇتماي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونى گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان

يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى ئىنقىلاب ياكى قۇرۇلۇش بولسۇن، مەيلى پارتىيىنى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ياكى بىر تارماقنىڭ خىزمىتى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. ھېچقايسىسىدا "ئومۇمەن" يولنى تۇتۇشقا بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا يېڭىلىق ياراتقىلى، ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

## 3. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش— ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى پرىنسىپ

بىزنىڭ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاشۇ قىممەتلىك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ئەسلىشىمىز ۋە ئۇنى خاتىرىلىشىمىز ئۇنىڭ ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، "ئومۇمەن" دېگەن بۇ سۆز گەرچە 70 يىللارنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى قەدىمدىلا بار بولغان، پارتىيىمىز تارىخىدىمۇ بۇرۇنلا بار بولغان. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز 20 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى، پەلسەپە جەھەتتىكى ئەھمىيىتىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىمىز، شۇ ئارقىلىق "ئومۇمەن"دەك پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ قايتا تىرىلىشىدىن ھوشيار بولۇپ، ئۆزىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشقا ئۈندەيمىز. "ئومۇمەن" دېگەن بۇ سۆز بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئىشلىتىلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى سۈپىتىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

"ئومۇمەن"نى ئاساسەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، كىتابقا قارىتىلغان "ئومۇمەن"، ئىككىنچىسى، نوپۇزغا قارىتىلغان "ئومۇمەن". كىتابقا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ قاراش ۋە نوپۇزلۇقلارنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ قاراش ئىككى خىل خاتا چۈشەنچە، ئىككى خىل خاتا ئاساس.

كىتابقا قارىتىلغان "ئومۇمەن"— كىتاببازلىق. كىتابتىكىنىلا راست دەپ قارايدىغان "ئومۇمەن" كىتابتىكىنىلا ئاساس قىلىدۇ، كىتابتىكى ئەقىدىلەر ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىكى ئىجادىيەتنى ئۇجۇقتۇرىدۇ.

كىتابتىكى نەرسىلەر توغرىمۇ، توغرا ئەمەسمۇ؟ كۆپ قىسمىنى توغرا دېيىش كېرەك، كىتاب ئەمەلىي بىلىمنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئەمەلىيەتكە قارىتا يېتەكچىلىك رولى بار. بىراق، ئەمەلىيەت ئەڭ جانلىق نەرسە، ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شارائىت ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. پەقەت يېڭى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى، يېڭى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىگەن ۋە قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن يېڭى كىتابلار، يېڭى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز دۇنياغا كەلتۈرگىلى، ئاندىن يېڭى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ. بولمىسا، ”تۆت كىتاب“، ”بەش دەستۇر“ بىلەنلا ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغان بولسا، داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان نەشرىياتچىلىق نەدە بولسۇن؟ جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى تارىخقا ئائىت كىتابلار ناھايىتى كۆپ بولغان بولۇپ، سىما چيەن ئۇنى قالايمىقان دەپ، رەتلەپ «تارىخنامە» قىلىپ يېزىپ چىققان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنە نۇرغۇن كىتابلار يىغىلىپ قالغان، سىما گۇاڭ يەنە شاللاپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەينەك قىلىش مەقسىتى بىلەن «ئومۇمىي ئۆزنەكلەر»نى يېزىپ چىققان. فىزىكىغا كەلسەك، قەدىمكى رىم دەۋرىدە ئۆتكەن ئارخىمېد قوي تېرىسىدىن ياسالغان قەغەز بىلەن «لەيلىتىش كۈچى نەزەرىيىسى»نى يازغان، كېيىن نيۇتون «تەبىئىي پەلسەپىنىڭ ماتېماتىكىلىق قائىدىسى»نى يېزىپ، ئۈچ چوڭ قانۇنىيەتنى بايقىغان، ئېينشتېين «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نى يازغان. بىز كىتابتىكى بويىچىلا ئىش قىلىپ، «لەيلىتىش كۈچى نەزەرىيىسى»نى قۇچاقلاپ يۈرسەك، ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا قانداقمۇ يېتەكچىلىك قىلالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىيەتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر كىتابقا يېزىشقا ئۈلگۈرمە-گەن تۇرسا. كىتاب بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ مەلۇم ئارىلىق بولىدۇ، ئەڭ ئۇلۇغ ئەسەرمۇ كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەتنى يەكۈنلىيەلمەيدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ 1872-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىنىڭ سۆز بېشىدا «خىتابنامە» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى 25 يىللىق تارىخنى ئەسلەپ، سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەنىدى: «خىتابنامە»نىڭ 2-بابىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنقىلابىي تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچبىر ئالاھىدە ئەھمىيىتى يوق، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ”ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە يېزىلىدىغان بولسا، شۇ ئابزاسنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى باشقىچە يېزىش كېرەك ئىدى.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 249-بەت) شۇڭلاشقا بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى تامامەن كىتابتىكى بويىچە چۈشەندۈرسەك بولمايدۇ.

نوپۇزغا قارىتىلغان ”ئومۇمەن“ دېگەنلىك نوپۇزنىڭ ياردىمى بىلەن ئىش بېجىرىش، كاللا ئىشلەتمەس-لىك، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماسلىق دېگەنلىكتۇر. ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدىغان نوپۇز— يۇقىرى

دەرىجىلىك ئورگان. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك: ”بىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي
ئورگانلارنىڭ يولىيورۇقنى توغرا دېيىشىمىز ھەرگىز ئۇنىڭ ’يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان‘ دىن چىققانلىقى
ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆرەش داۋامىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئەھۋالغا مۇۋاپىق
بولغانلىقى، كۆرەشكە زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.“ ”’يۇقىرى دەرىجە‘ كۆزقارىشى ئۈستىگىلا قۇرۇلغان
شەكىلۋازلىق پوزىتسىيىسى بەكمۇ ناتوغرا.“ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقنى كۆرۈنۈشتە زادىلا باشقىچە پىكرى
يوقتەك قارىغۇلارچە ئىجرا قىلىۋېرىش ”يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ياكى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا
قارىتا سۇسلۇق قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلى.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى،
1 -توم، 226-بەت)

خۇددى نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتنى يېتەكچىلىگىنىدەك، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، نوپۇزلۇقلار، يۇقىرى دەرد-
جىلىك ئورگانلار، رەھبەرلەرنىڭ پىكرى جەمئىيەتنىڭ، تۆۋەننىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ پىكرىنىڭ يېتەكچىلىند-
شى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جارى قىلىنىشى بولىدۇ. ئەمما بۇمۇ مۇتلەق بولمايدۇ. بىز دەۋاتقان
ئەمەلىيەت ئاساسلىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىپايان سۇ
دېسەك، نوپۇزلۇقلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ پىكرى سۇ قۇيۇلىدىغان كۆلگە ئوخشايدۇ؛ ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنى
يەر ئاستىدىكى يىلتىز دېسەك، نوپۇزلۇقلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ پىكرى يەر ئۈستىدىكى دەرەخكە ئوخشايدۇ.
كۆلدە سۇ بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ، ھەرقانچە چوڭ كۆلمۇ سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ دەرەخنىڭ يىلتىزى
بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ، ھەرقانچە ئېگىز دەرەخمۇ يىلتىزىدىن ئايرىلالمايدۇ. كوممۇنىستلار ئۆزىنى ئورۇققا،
ئاممىنى تۇپراققا ئوخشىتىپ، بۇنداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەڭ جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئورنى
ھەرقانچە يۇقىرى، ھەرقانچە نوپۇزلۇق ئادەممۇ ئەمەلىيەت ئالدىدا، خەلق ئاممىسى ئالدىدا باشتىن-ئاخىر
مەكتەپ بالىسى. بۇنداق مۇناسىۋەت ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتسىلا، ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلاپ،
ئىدېئالىزم، مېتافىزىكا خاتالىقىنى ئۆتكۈزىدۇ. كادىرلىرىمىز خىزمەتلا ئىشلەيدىكەن، كونكرېت تەرتىپ جەھەتتە
مۇنداق ئىككى ئىشتىن ئايرىلالمايدۇ: بىرىنچى، كىتاب ئوقۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ
شياۋپىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش، ھەر خىل كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇش؛ ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك
رەھبەرلىكنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىش، ھۆججەت كۆرۈش، يوليورۇق ئاڭلاش. بۇ ئىككى ئىشنى قانداق
ياخشى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىدىكى ئاچقۇچ. ئۇ بىزنىڭ ماتېرىيالىزملىق
دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرغان-تۇرمىغانلىقىمىزنى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە
چىڭ تۇرغان-تۇرمىغانلىقىمىزنى كونكرېت ئۆلچەيدۇ. توغرا پوزىتسىيە: بىرىنچىدىن، كىتاب ئوقۇش،
تىرىشىپ ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى ياخشى ئۆگىنىش، بىراق ”كىتابچىلىقنىلا

ئاساس قىلىش“قا بولمايدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ قارشى تەرىپىدە يەنە بىپايان ئەمەلىيەت زېمىنى بار. دېمەك، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم، نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن سىنىلىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلەش، ئىنتىزامنى تەكىتلەش، يۇقىرىغا بويسۇنۇش لازىم، بىراق ”يۇقىرىنىڭكىنىلا ئاساس قىلىش“قا بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە يەنە سانسىزلىغان ئامما بار. دېمەك، ”يۇقىرىغا نەزەر سېلىش“ بىلەن ”تۆۋەنگە نەزەر سېلىش“نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. رەھبەرلىك — ئاممىنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، بىراق ئۇ ئاممىنىڭ جانلىق-جۇشقۇن ئەمەلىيىتى ۋە ھەر ۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىيىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئەكسىچە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. ماۋجۇشى، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدىن بىرى — ئەمەلىيەتچانلىق، دېگەن، بۇ ئەمەلىيەت ئاساسلىقى يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى كىتابقا قارىتىلغان ”ئومۇمەن“ (كىتابتىكىنىلا ئاساس قىلىش) بولسۇن ياكى نوپۇزغا قارىتىلغان ”ئومۇمەن“ (يۇقىرىنىڭكىنىلا ئاساس قىلىش) بولسۇن، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر تۈپ مەسىلە ھەل بولمىغان، يەنى ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلمىغان، بەلكى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا كىتاب ياكى نوپۇزنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. كادىر بولغان كىشى يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر-بىرىگە باغلايدىغان بىر ھالقا، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئاممىغا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، سىڭدۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش، ئاممىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىش، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەم ماركسىزم-لېنىنىزم جەۋھىرىنى، يۇقىرىنىڭ فاڭجېن، يوليورۇقلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللىيەلەيدىغان بولۇش، ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتالايدىغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان بولۇشلا ئىدىيىدە ئازاد بولغانلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىشلىرىمىز ئالغا ئىلگىرىلىمىسە، تەرەققىي قىلمىسا بولمايدۇ، بۇ — كادىرلارنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچەم. قەدىمكى دەۋردىمۇ راست گەپ قىلىش، خاننى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقماي ئوچۇق نەسىھەت بېرىش كادىرلارنىڭ بىر خىل ئېسىل پەزىلىتى دەپ قارالغانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ خېن سۇلالىسىنىڭ سەنگونى جاۋ چۇڭگوغا بەكمۇ قايىل ئىدى. ئۇ چاغدا غەربىي رايونلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا، پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان،

جاۋ چۇڭگو بىر تەرەپتىن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش، بىر تەرەپتىن چېگرىنى مۇداپىئە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. پادىشاھ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي يەنىلا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن، ئوغلى بالا-قازا تاپىدىغان بولدۇڭ، كاللاڭ كېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىل دېسە، ئۇ ئوغلىنى ۋاپاسىز دەپ تىللىغان. ماۋجۇشى: ”بۇ ئادەم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان، ئۇ غەربىي رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، دەسلەپتە ئۇنى قوللىغانلار ئون ئادەمدىن بىر-ئىككىسى، قارشى تۇرغانلار ئون ئادەمدىن سەككىز-توققۇزى. ئۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كېيىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن، ئۇنى قوللىغانلار ئون ئادەمدىن سەككىز-توققۇزىغا كۆپەيگەن، قارشى تۇرغانلار ئون ئادەمدىن بىر-ئىككىسىلا قېپقالغان. ھەقىقەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك، ئەمما ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.“ («ماۋ زېدۇڭنىڭ ‹24 تارىخ›تىكى شەخسلەرگە بەرگەن باھالىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، بىرىنچى توم، 494-بەت) خۇەيخەي ئۇرۇشى ۋاقتىدا، ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى سۇ يۈي ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يۇقىرىنىڭ لايىھىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ماۋجۇشى ئۇنىڭغا قوشۇلغان، ھەم ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بەرگەن، نەتىجىدە، خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ غايەت زور غەلىبىسى قولغا كەلگەن.

تارىخ قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەر قېتىملىق خاتا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتكە، ھەر قېتىملىق چوڭ خاتا ئەمەلىيەتكە خاتا پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ ھەمراھ بولۇشى مۇقەررەر. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋاڭ مىڭنىڭ ”سول“چىل خاتا لۇشيەنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە پارتىيە ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى بۇزۇۋەتتى، دوگمىچىلىق، مەزھەپچىلىك، پارتىيە باگۇسى ئەۋج ئالغان، تاكى 1942-يىلدىكى ئىستىل تۈزىتىشتە ئاندىن تۈزىتىلگەن. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دۆلەتنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقاندىن باشقا، ئەڭ ئېچىنىشلىقلىقى پارتىيە ئىستىلى، خەلق ئىستىلىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. مەركەزنىڭ تەستىقى بىلەن چىقىرىلغان پارتىيە تارىخى ئەسىرى— «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 70 يىلى»دا، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ”پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىنى خېلى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، مېتافىزىكا ئەدەپ كەتتى، ئىدېئالىزم ئەۋج ئالدى، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، تەرەپبازلىق ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى“ دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىشتىن بۇيان، ئۇرۇشلاردا چېنىقىش، قانلىق كۈرەشلەردە تاۋلىنىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا قايتا-قايتا سىناق قىلىپ تۈزىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش، كەمتەر-دېموكراتىك بولۇش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ساداقەتلىك، خالىسانە بولۇش

قاتارلىق ياخشى ئىستىللارنىڭ ھەممىسنى ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“نىڭ تەتۈر شامالىرى ئۇچۇرۇتۇپ ھېچنېمىسنى قويمىدى، ھالبۇكى بۇنداق بۇزغۇنچىلىقلار كۆرۈنۈشتە ساداقەتمەن بولغان ”ئۇمۇمەن“نىڭ قوغدىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئىنتايىن ئاچچىق ساۋاق. بىر پارتىيە، بىر دۆلەتتە ناچار ئىستىل بىر كۆندىلا پەيدا بولىدۇ، ياخشى ئىستىلنى يېتىشتۈرۈش بولسا بىرقانچە ئەۋلاد كىشلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ساۋاقنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئەلۋەتتە يامان نەرسىنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىمىز، ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ھېلىقىدەك ئىدېئالىزملىق، مېتافىزىكىلىق تەتۈر شامالنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىملىقىنى ھەر ۋاقىت پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ سېمىگە سېلىپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىشنى ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى، مېتودولوگىيىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ نۇقتىدىن باشلىغانلىقى ئۈچۈنلا، يېڭى دەۋرنىڭ پەيدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى، بۇنىڭمۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تارىخىي جەريانىدا بىر دەممۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغان قورالىمىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

(ئاپتور: ئاخپاراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق باشقارمىسىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر
خۇدابەردى خېلىل

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ماركسىزمدىن دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگىچە بولغان نەزەرىيە سىستېمىسى— تۆپ تومۇردىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما

## — ماركس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 180 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن

لى شىڭگېڭ

بۇ يىل ماركسىزمنىڭ ئاساسچىسى، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي ئۇستازى كارل ماركس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 180 يىللىقى. بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىكتە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، ماركسىزمنى ياراتتى. 1848-يىلى 2-ئايدا «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر يېرىم ئەسىرلىك سوتسىيالىستىك ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان سۇبيېكتىپ خىيال بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. شۇڭا، خۇددى يولداش دىڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، ماركسىزم ھەقىقەتنى يېمىرىلمەس ھەقىقەتتۇر.

ماركسىزم— ئىلىم، ئۇ باشتىن-ئاخىر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەمىنلەيدىغىنى ئۆزگەرمەس دوگما بولماستىن، بەلكى رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئىلمىي دۇنياقاراش، مېتودولوگىيىدىن ئىبارەت. ماركسىزمنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ دەۋر، ئەمەلىيەت، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقىدا. ماركسىزم دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، دۇنياغا چوڭقۇر ۋە كەڭ تەسىر كۆرسەتتى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ

كونكرېت ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش جەريانىدا، ئۆزىمۇ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ باردى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېنىن ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن قوللىنىپ، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى زىددىيەتلەرنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ، روسىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، روسىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىس- تىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى، سوتسىيالىزمنى نەزەرىيىدىن رېئاللىققا ئايلاندۇردى. روسىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لېنىن يەنە يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش فاكتېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لېنىنىزم ھەم ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇردى، ھەم يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە روسىيىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ماركسىزمنى راۋاجلاندۇردى. جۇڭگو كومپارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بەلگىلىدى. لېكىن پارتىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بۇ ۋاقىتتىكى پارتىيە "ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەققىدە تېخى مۇكەممەل، بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان پارتىيە" بولغانلىقى ئۈچۈن («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 2-توم، 1212-بەت)، "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىق خاتالىقلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. 1930-يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ «كىتاببازلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ماركسىزم 'كىتاب' لىرىنى ئۆگىنىش كېرەك، لېكىن ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم." («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 1-توم، 227-بەت) دەل مۇشۇ روھنى چىقىش قىلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەت ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش، يەنى بىرىنچى قەدەمدە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش، ئىككىنچى قەدەمدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە دەلىللىدى. ئۇ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا يېڭى دېموكراتىزمنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، ئىقتىسادىي پروگراممىسى ۋە مەدەنىيەت پروگراممىسىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ، بۇ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلەندى، بۇ پارتىيە قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 24 يىللىق تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا چىقىرىل- غان تارىخىي تەدبىردىن ئىبارەت. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى تۇنجى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنىڭ نەزەرىيىۋى نەتىجىسىدۇر.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ''سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك'' دېگەن بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان تۈپ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بىر قاتار يېڭى يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنىڭ نەزەرىيىۋى نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا سىلجىتىشتا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

ماركسىزمنىڭ بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى كۆرەلەيمىزكى، گەرچە دۇنيادا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، گەرچە بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ماركسىزمنى ''ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران بولدى'' دەپ قايتا-قايتا جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەۋلادمۇئەۋلاد ماركسىزمچىلار ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمغا ئىجادچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ماركسىزمنى غايەت زور تەسىر كۈچى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن، ھازىرقى جۇڭگودا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— تۈپ تومۇردىن بىر-بىرىگە باغلانغان ئىلمىي سىستېما، دەپ كۆرسەتتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھازىرقى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. بۇ ھۆكۈم ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ھالدا شەرھلەپ بەردى. ۋارىسلىق بولمىسا، راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تۈپ يىلتىزىمىز بولغان ماركسىزمنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، تاشلاپ قويساق تۈپ ئاساسىمىزدىن ئايرىلىدىغان گەپ. لېكىن، ماركسىزم چوقۇم راۋاجلاندۇرۇلۇشى كېرەك. ھەقىقىي ماركسىزمچى يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ماركسىزمنى تونۇشى، ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. دېمەك، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇش دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ.

ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە بەرپا قىلىنغان ۋە شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ دۈچ كەلگەن ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىغان، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى-

سىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي تونۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، كۆرەش نىشانى، ئاساسىي مەيدانى، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىگە بولغان تونۇشى، پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بىردەك. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "پارتىيىمىز-نىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇ بولدىكى، يېڭى ئىلمىي كۆزقاراشنى ئۆز نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى قىلدى." («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 2-توم، 39— 40-بەتلەر) مانا بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدۇر. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ماركسنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمى ئىلمىي ئىدىيە جەھەتتىكى ئەڭ زور نەتىجىدۇر." "ئۇ ئۇلۇغ بىلىش قورالىنى ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپىغا قالدۇردى." («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 2-توم، 311-بەت) ماۋ زېدوڭ پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىدىن ماركسىزمنى ئۆگىنىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە نۇقتىئىنەزەر بىلەن دۇنيانى كۆزىتىشنى، جەمئىيەتنى كۆزىتىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان. ئۇ يەنە جۇڭگو تىلى بىلەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى "ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش" دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىغان. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش— مانا بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىدۇر. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەردە چىڭ تۇرۇپ، بىر قاتار زور مەسىلىلەردە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، يىقىندا يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق كۆرسەتتىكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە ئۇنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگەللىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىش، بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەل-يەتتىن ئىزدەش دېگەن بۇ جەۋھەرنى نۇقتىلىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. بۇ جەۋھەرنى ئىگەللىۋالغانلىق ماركسىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىسىنى ئىگەللىۋالغانلىق، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ئىگەللىۋالغانلىق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كۆرەش نىشانى بىردەك. ماركس، ئېنگېلس ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنى چىقىش قىلىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر ئالدىغانلىقىدەك تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى دەلىللىدى. شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن، كوممۇنىزم بارلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئالدىنقىسى يىقىلسا كېيىنكىسى ئورنىنى بېسىپ كۈرەش قىلىشىدىكى ئورتاق نىشانىغا ئايلاندى. ماركس «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ماقالىسىدە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتنى تۇنجى قېتىم ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىدا كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سوتسىيالىزم دەپ ئاتىدى. ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى ئىستىقبالى كاپىتالىزم ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ: "بىز ماركسىزمچىلار ئىلگىرى ئىنقىلابتا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئالىي غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغانىدۇق. هازىرقى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىمۇ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىمىز، ئۇلۇغ كوممۇنىزم غايىسىدىن ئېغىپ كەتمەيمىز، بۇنى بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىز ئوبدان چۈشىنىۋېلىشى كېرەك." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 236-بەت) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، مەملىكىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى. يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: "بىزنىڭ ھازىرقى تىرىشچانلىقىمىز ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمنىڭ ئالىي پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ ئىلگىرىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ ئۇلۇغ نىشانىنى ئۇنتۇپ قالغان كومپارتىيە ئەزاسى لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس؛ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلمىغان كومپارتىيە ئەزاسىمۇ ئوخشاشلا لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس." كومپارتىيە ئەزاسى بولغان كىشى ھەم كوممۇنىستىك ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈشى، ھەم پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگراممىا ۋە تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەيدانى بىردەك. مەيلى ماركس، ئېنگېلس بولسۇن ياكى لېنىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشنى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى دەپ قارىغان. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھەرىكەت ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكىتى— مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ

مۇستەقىل ھەرىكىتى، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل ھەرىكەت.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 283-بەت) لېنىن، ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ، ئۈزۈل-كېسىل خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 3-توم، 1951-بەت) ئۇ ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كومپارتىيىنىڭ ئاساسىي مەيدانى دەپ ھېسابلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشتىن-ئاخىر جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، ئاممىۋى لۇشيەن ۋە ئاممىۋى كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلقنىڭ بەختىنى كۆزدە تۇتۇشنى تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى دەپ قارىدى. ئۇ ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“نى، شۇنداقلا خەلقنىڭ خۇشال بولۇش-بولماسلىقى، ياقلاش-ياقلىماسلىقى، ماقۇل كۆرۈش-كۆرمەسلىكىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىدى. پارتىيىمىز خەلقتىن كەلگەن، خەلق ئىچىگە يىلتىز تارتقان، خەلققە خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە. ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىپ، ھەممىدە ئاممىغا تايانغاندا، پارتىيىمىز پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ بۇلىقىغا ئىگە بولالايدۇ. قىسقىسى، ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش — ماركسىزمدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگىچە بولغان نەزەرىيىلەرنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي مەيدانى ۋە تۈپ مەقسىتىدۇر.

ئۆتتىنچىدىن، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىگە بولغان تونۇشى بىردەك. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنقىلاب قىلىشتىن مەقسەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشتۇر. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ”ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى مۇمكىنقەدەر چاپسانراق ئاشۇرۇشى“ كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى. («ماركس- ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 293-بەت) ماركس بىلەن ئېنگېلس پەن-تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇلۇغ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. لېنىن، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ”كاپىتالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى

يارىتىشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى لازىم، بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ ھېسابلىغانىدى. («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 34-توم، 168-بەت) يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. لېكىن 1957-يىلدىن كېيىن، ”سول“چىل خاتا ئىدىيىنىڭ يامراپ كېتىشى بىلەن، 8-قۇرۇلتاينىڭ توغرا فاڭجېنى ئىنكار قىلىندى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1962-يىلى 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 10-ئومۇمىي يىغىنىدا سىنىپىي كۈرەشنى چوقۇم ھەر يىلدا، ھەر ئايدا، ھەر كۈندە سۆزلەش كېرەك دېگەننى تەكىتلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن ماركسىزملىق كۆزقاراشتىن چەتلەپ كەتتى. ئاخىر بېرىپ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دا ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“تەك ”سول“چىللىق ئېغىر خاتالىقى كېلىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئىنتايىن زور ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز بۇ خاتالىقنى تۈزەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي كۆزقارىشىنى قايتا تەكىتلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتىكى، ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ يۇقىرىراق تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىدا، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. سوتسىيالىزم نامراتلىقنى يوقىتىدۇ، نامراتلىقنى سوتسىيالىزمغا خاس نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنى كوممۇنىزمغا خاس نەرسە دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ جەنۇبتا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 777-بەت) ئۇنىڭ بۇ مۇھىم سۆزى ھەم ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلدى، ھەم ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ مۇنداق دېدى: ”ماركس، پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر، دېگەنىدى، ئەمەلىيەت بۇ سۆزنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.“ («يۇقىرىقى كىتاب، 567—568-بەتلەر)

يولداش جياڭ زېمىن 15–قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى— ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئالاھىدە زۆرۈر.“ چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. قۇرۇلتايدا يەنە پەن–تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم گۈللەنگەن ئىقتىساد، ھەم گۈللەنگەن مەدەنىيەت بولۇشى لازىم. پەقەت ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ تەڭ ياخشىلانغاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىلغان بولىدۇ. شۇڭا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش لازىم. قىسقىسى، ماركسىزمدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگىچە بولغان نەزەرىيىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىگە بولغان تونۇشى تومۇرداشتۇر.

بەشىنچىدىن، ئۇلار پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئورتاق يازغان «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تۇنجى پروگراممىسىدۇر. ئۇنىڭدا كومپارتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، كۈرەش نىشانى ۋە تاكتىكىسى بايان قىلىنىپ، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىندى. لېنىن ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنقىلابىي ماركسىزملىق پارتىيە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى بىردىنبىر كاپالەت. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، كومپارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئىشلارغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن كومپارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. پارتىيە ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن ئىلغار جەڭچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. پارتىيە يەنە ئېنىق پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىشى، دېموكراتىيە–مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە تەشكىللىنىشى، پولاتتەك ئىنتىزام يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئۇ پارتىيە كەڭ ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ماھىر بولۇشى لازىملىقىنى، كومپارتىيە ئەزاسى خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشى لازىملىقىنى، بارلىق چىرىك ئۇنسۇرلارنى، بيۇروكرات ئۇنسۇرلارنى پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنە پارتىيە ئىچىدىكى نازارەت مېخانىزمىنى كۈچەيتىشنى، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پارتىيىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى ئۈچ ئەڭگۈشتەرنىڭ بىرى دەپ قارىدى. ئۇ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈن پارتىيىدە ماركسىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈستىل تۈزىتىش شەكلىنى ئىجاد قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى— پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. گەپ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشىدا؛ رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغاندىلا، كۈچەيتكىلى بولىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 742-بەت) ئۇ بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردىن ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى، پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، مەركەزلەشتۈرۈشنىمۇ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش لازىملىقىنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلىنىشى لازىملىقىنى، پارتىيە ئىچىدە تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، سۇبيېكتىپچىلىق، بيۇروكراتلىق ۋە مەزھەپۋازلىققا قارشى تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنتى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى چاقىرىق قىلدى.

دېمەك، ماركسىزمدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگىچە، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىغىچە ھەممىسى تومۇرداشتۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەم ماركسىزم-لېنىنىزمدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى، ھەم ئۇنى ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدىن ئايرىۋېتىدىغان،

ئۇلار بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسى خاتا ۋە زىيانلىقتۇر. نۆۋەتتىكى جۇڭگودا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى ئىجادچانلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 07>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码 100013